## 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

## تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە «100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى»

گۇچۇڭ:

# يېزا ئىگىلىكى يېشىللاشتى دېھقانلار بېيىدى

□پۇتۇن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سەھەردە، شىنجاڭ تيانشان ئۈنى(گۇرۇھ) گۇچۇڭ چەكلىك شىركىتىدە، ئەلا سۈپەتلىك ئاشلىق قىلىنىدىغان بۇغداي كۆپ خىل ئىش تەرتىپى بويىچە پىششىقلىنىپ قاردەك ئاپئاق ئۇنغا ئايلاندۇرۇلدى. 100 توننىدىن ئارتۇق ئەلا سۈپەتلىك ئۇن قاچىلانغان ئىككى يۈك ئاپتوموبىلى زاۋۇت رايونىدىن ئايرىلىپ، شىئەندە سېتىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

گۇچۇڭ ناھىيەسى مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېشىل بۇغداي تەمىنلەش زەنجىرى بەرپا قىلىش، يېشىل كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش، يېشىل قىممەت زەنجىرىنى ئۆستۈرۈشنى يېتەكچى قىلىپ، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساسى لىنىيە قىلغان يېشىل يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇردى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇردى.

### يۇقىرى ئۈنۈملۈك تېرىقچىلىق يېشىل تەمىنلەش زەنجىرى بەرپا قىلىش

شىمالىي كەڭلىك 43 گرادۇستىكى، دۇنيا ئېتىراپ قىلغان بۇغداي تېرىشقا ئەڭ ماس كېلىدىغان رايوندا گۇچۇڭ ناھىيەسى مىليون مولۇق ئەلا سۈپەتلىك يېشىل بۇغداي تېرىش بازىسى خۇددى بىر تىزىق مەرۋايىتقا ئوخشاش بۇ كەڭلىك سىزىقىدا قاتار تىزىلغانىدى.

ھازىر، گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي تېرىش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بەندجىگۇ بازىرى ياۋزەنزە كەنتىدىكى 70 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرگە يېشىل ۋە ئورگانىك بۇغداي تېرىش تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلماقتا.

«بىزنىڭ بۇغدايلىرىمىز پۈتۈن مۇساپىدە يېشىل ۋە ئورگانىك ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى قاتتىق قوللىنىلىپ پىششىقلىنىپ ئۇن قىلىنغاندىن كېيىن، بازىرى ئىنتىك مالغا ئايلاندى!» دېدى بۇ كەنت پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تاڭ پېيكې ئىپتىخار بىلەن ئىشەنچ بىلەن. بۇلتۇر ياۋزەنزە كەنتى 60 مىڭ مو يەرگە يېشىل بۇغداي، 12 مىڭ مو يەرگە ئورگانىك بۇغداي تېرىپ، بۇغداي تېرىقچىلىقنىڭ سۈپىتى ۋە پايدىسىنى ئۈنۈملۈك ئاشۇردى.

گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى ھەر يىلى 1 مىليون مودىن ئاشتى، ئۇدا بەش يىل بۇغداي ئومۇمىي مەھسۇلاتى 400 مىليون كىلوگرامدىن ئاشتى. 2016 ـ يىلى گۇچۇڭ ناھىيەسى دۆلەت دەرىجىلىك يېشىل، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بۇغداي تېرىقچىلىقى بەرپا قىلىش تۈرىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، كەسىپ تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈپ، «پۈتۈن رايون يېشىل بولۇش، قىسمەن ئورگانىك بولۇش» نىشانى بويىچە، بۇغداينى ئۆلچەملەشتۈرۈپ سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ناھىيەدىكى بۇغداي تېرىلىدىغان مىليون مولۇق يەردە يېشىل تېرىقچىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئورگانىك بۇغداي كۆلىمى تەدرىجىي ئېشىۋاتىدۇ.

«پۈتۈن رايوندا سۈپەتلىك ئۇرۇق بىلەن تولۇق قاپلاش، خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسىدىن ئىبارەت ئىككىنىڭ مىقدارىنى ئازايتىش، پۈتۈن مۇساپىلىك ماشىنا مەشغۇلاتى قىلىش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلاردىن چىقىش قىلىپ، بىز مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، يېشىل بۇغداي سۈپىتىنى مۇقىم ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردۇق» دېدى گۇچۇڭ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەركىزىنىڭ ئالىي ئاگرونومى ۋاڭ يەن.

«يېشىل، ئورگانىك» بولۇش گۇچۇڭ ناھىيەسى ئەلا سۈپەتلىك بۇغدىيىنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى شەكىللەندۈردى، «يېشىل ئاشلىق ئامبىرى» يۇقىرى سۈپەتلىك تەمىنلەش زەنجىرىگە تىرەك بولدى.

«گۇچۇڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك بۇغدىيىنى ئايرىم يىغىپ ئايرىم ساقلايمىز، چۈنكى يۇقىرى سۈپەتلىك ئۇن پىششىقلاشتا ئۇ كەم بولسا بولمايدۇ!» دېدى شىنجاڭ تيانشان ئۈنى (گۇرۇھ) گۇچۇڭ چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جاڭ جياڭخۇي.

### ئىنچىكە، چوڭقۇر پىششىقلاش يېشىل كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش

يېشىل ۋە ئورگانىك بۇغداي تېرىلىپ يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، يەنە نەگە ئاپىرىلىدۇ؟

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ياۋزەنزە كەنتى فېڭيۈ يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ ئورگانىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش سېخىدا مۇخبىر جاۋابقا ئېرىشتى.

ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ ئۇن پىششىقلاش سېخىدا، ئاشلىق قىلىنىدىغان بۇغداي پىششىقلىنىپ ئوخشىمىغان تۈردىكى ئۇن قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ئورگانىك ئۇن داۋاملىق پىششىقلىنىپ قولدا ئىشلەنگەن ئورگانىك كەسمە چۆپ قىلىنىدۇ. تاڭ پېيكې مۇنداق دېدى: «بىز ھازىر يېشىل، ئورگانىك بۇغداينىڭ ھەممىسىنى شۇ جايدىلا پىششىقلاپ، قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق.» بۇ يىل ھەمكارلىق كوپىراتىپى 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، پات ئارىدا يىلىغا 1500 توننا قولدا ئىشلەنگەن ئورگانىك كەسمە چۆپ، يىلىغا 30 مىڭ توننا ئورگانىك ۋە يېشىل ئۇن پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرىدۇ، ئەلا سۈپەتلىك بۇغداينىڭ ھەممىسى «تولۇق ھەزىم قىلىنىدۇ».

تاڭ پېيكې مۇنداق بىر ھېسابات قىلىپ بەردى: بازاردا ئادەتتىكى ئۇننىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى تۆت يۈەن ئەتراپىدا، ياۋزەنزە كەنتى ئورگانىك ئۇننىڭ ھەر كىلوگرامى 20 يۈەن، پىششىقلىنىپ قولدا ئىشلەنگەن ئورگانىك كەسمە چۆپ قىلىنغاندىن كېيىن ھەر كىلوگرامىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 40 يۈەن بولىدۇ. يېشىل يېزا ئىگىلىكى ئېلىپ كەلگەن ياخشى پايدىدىن نەپ ئالغانلىقتىن، بۇلتۇر پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 23 مىڭ 274 يۈەنگە يەتتى، بۇ يىل يەنە ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي ئاشلىقى نۇرغۇن پىششىقلاش كارخانىلىرىنى شۇ جايدا ماكانلىششقا جەلپ قىلدى. نۆۋەتتە گۇچۇڭ ناھىيەسىدە ئۇن پىششىقلاش كارخانىسىدىن جەمئىي 12سى بار، بۇلتۇر پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئۇن پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 365 مىڭ توننا بولۇپ، 1 مىليارد 245 مىليون يۈەنلىك سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئاشلىقتىن تەييار مەھسۇلاتقىچە، گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك بۇغداينى ئۆز جايدا پىششىقلاش نىسبىتى 100%كە يېتىپ، بۇغداي مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. بەزى پىششىقلاش كارخانىلىرى يەنە شۇ جايدىكى بۇغداي تېرىيدىغان چوڭ ئائىلىلەرنى پايچېك قىلىپ قوبۇل قىلىپ، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىكلەرنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇشنى يولغا قويۇپ، ئاشلىق تېرىيدىغان چوڭ ئائىلىلەرنى «ياخشى تېرىش»تىن «ياخشى سېتىش»قا ئۆزگەرتىپ، «ياخشى سېتىش»قا تايىنىپ «تېخىمۇ ياخشى تېرىش»قا قىستاپ، دېھقانلار بىلەن كارخانىلارنىڭ ئورتاق پايدا ئېلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

### توردا، تور سىرتىدا يېشىل قىممەت زەنجىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئەمدىلا لەنجوۋغا 300 توننا ئۇن ماڭغۇزغاندىن كېيىن، شىنجاڭ شىنلياڭ خۇامەي ئۇن چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى يې گۋاڭچىڭ يەنە شىنجاڭ سىرتىدىكى خېرىدارلارنىڭ زاكاز قىلىش تېلېفونىنى قوبۇل قىلدى.

2018 ـ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ شىنلياڭ خۇامەي ئۇن چەكلىك شىركىتى توردا سېتىش يوللىرىنى پائال كېڭەيتىپ، ھەر يىللىق سېتىش سوممىسىنى 50%تىن يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشۇردى. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە شىركەتنىڭ توردا سېتىش سوممىسى 5 مىليون يۈەندىن ئاشتى، تور سىرتىدىكى سېتىش سوممىسى 300 مىليون يۈەنگە يەتتى. «ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى ئارقىلىق بىز ئەلا سۈپەتلىك گۇچۇڭ ئۇنىنى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ساتتۇق» دېدى يې گۋاڭچىڭ.

گۇچۇڭ ئۇنىنى «سىرتقا چىقىرىش»تا سۈپەتلىك ماركا ئاچقۇچ.

بۇ بىرنەچچە يىلدا، گۇچۇڭ ناھىيەسى بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى رايون ئاممىۋى سۈپەتلىك ماركىسىنى نۇقتىلىق بەرپا قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «گۇچۇڭ ئۇنى» «دۆلەت يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك بەلگىسى» بولۇپ باھالاندى ھەم دۆلەت يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش سۇپىسىدا رويخەتكە ئېلىندى. ھازىر گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى 12 ئۇن كارخانىسىنىڭ ھەممىسى بۇ بازار «يول خېتى»نى ئىشلىتىۋاتىدۇ.

تور سىرتىدا گۇچۇڭ ناھىيەسى دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇن چوڭ شەھەردە ئامبار سېلىپ نۇقتا تەسىس قىلىپ ساتتى؛ توردا تاۋباۋ، تيەنماۋ ۋە جىڭدۇڭ قاتارلىق ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىلىرى گۇچۇڭ ئۇنى ۋە گۇچۇڭ سوۋغىسى ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ھۆكۈمەت تەرەپ بايراقدار دۇكىنى ئېچىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۈپەتلىك ماركا يارىتىپ، سېتىش يېڭى يوللىرىنى كېڭەيتتى.

توردا، تور سىرتىدا سېتىش تورىغا تايىنىپ، ئەلا سۈپەتلىك گۇچۇڭ ئۇنلىرى نۆۋەتتە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېتىلدى ھەم رۇسىيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىپ، گۇچۇڭ ناھىيەسى يېشىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممەت زەنجىرىنىڭ دەرىجىسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى. 2019 ـ يىلى گۇچۇڭ ئۇنىنىڭ سېتىلىش كىرىمى 1 مىليارد 206 مىليون يۈەنگە يەتتى، شىنجاڭ سىرتىدىكى سېتىلىش مىقدارى 60%تىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيەلەردە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش

# دېھقان ئائىلىلىرى ساتقان سەبدەرگۈل نەق مەيداندا نەق پۇلغا ئايلاندى



9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، شۇ جايدىكى كەنت ئاھالىسى كېرىيە ناھىيەسى توغراغاز يېزىسىدىكى خوتەن چېنگۇاڭ بىيو پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىدە سەبدەرگۈل ساتماقتا.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جېڭ جو، ليۇ يى، زوۋ يى، جۇڭ جاۋفېڭ

ئالتۇن كۈز پەسلىدە، كېرىيە ناھىيەسىدە سەبدەرگۈل يىغىۋېلىش خىزمىتى ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. بۇ يىل كېرىيە ناھىيەسى بازارنى يېتەكچى، زاكازلىق يېزا ئىگىلىكىنى تايانچ قىلىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، سەبدەرگۈل كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، باشلامچى كارخانىلار بىلەن 50 مىڭ مولۇق تېرىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، كارخانا تۈرتكە بولۇش ئەندىزىسى ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، كېرىيە ناھىيەسى توغراغاز يېزىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى كەسپلەر باغچىسىدا، ئەتراپتىكى ھەرقايسى كەنتلەردىن كەلگەن كەنت ئاھالىلىرى زاۋۇت رايونى سىرتىدا ئۆچرەتتە تۇرۇپ، ئۆزى تېرىغان سەبدەرگۈلنى سېتىشقا تەييارلاندى. ئېغىرلىقنى ئۆلچەپ بولغاندىن كېيىن، دېھقانلار سەبدەرگۈلنى زاۋۇتنىڭ ئىچىدىكى كۆلچەككە تۆكۈپ، ئاندىن نەق مەيداندا ھېسابات قىلدى. سەبدەرگۈل نەق مەيداندا نەق پۇلغا ئايلىنىپ، بىۋاستە ھالدا دېھقانلارنىڭ يانچۇقىغا كىردى.

«بۇ يىل ئۈچ يېرىم مو يەرگە سەبدەرگۈل تېرىدىم، مۆلچەرىمچە 7000 يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلىمەن.» كېرىيە ناھىيەسى توغراغاز يېزىسى توغراغاز كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى سەلىمىخان تۇردى مۇنداق دېدى: شىركەت ئۇرۇق، ئوغۇت ۋە تېخنىكا بىلەن تەمىنلەيدۇ، گۈلنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ھەر ۋاقىت كارخانىغا ئېلىپ بېرىپ ساتقىلى بولىدۇ، كارخانا نەق پۇل بىلەن ھېساباتىنى ئۈزىدۇ.

غوجىئابدۇللا ئىسمايىل توغراغاز يېزىسىدىكى تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىسى بولۇپ، بۇ يىل پەقەت سەبدەرگۈل تېرىش تۈرىلا ئۇنىڭغا 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم يارىتىپ بېرەلەيدۇ.

خوتەن چېنگۇاڭ بىيو پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل دىرېكتورى گۇڭ جيەنگاڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: شىركىتىمىز كېرىيە ناھىيەسىدە دېھقان ئائىلىلىرىنى سەبدەرگۈل تېرىشقا يېتەكلىدى، بۇ يىل ھازىرغىچە 30 مىڭ تونىدىن ئارتۇق ھوسۇل ئېلىنىپ، 3700 دىن ئارتۇق نامرات ئائىلىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا بىۋاستە تۈرتكە بولدۇق.

تېرىش جەريانىدا، كارخانا تېخنىكا، ئۇرۇق ۋە ئوغۇت قاتارلىق ياردەملەر بىلەن بىۋاستە تەمىنلىدى، دېھقان ئائىلىلىرى سەبدەرگۈلنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، كارخانىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چەككە كاپالەتلىك قىلىپ سېتىۋېلىشقا تاپشۇردى. «بۇ يىل زاۋۇتىمىزنىڭ ھەر كىلوگرامىنى سېتىۋېلىش باھاسى 0.85 يۈەن بولدى، نەق مەيداندا نەق پۇل بىلەن ھېسابات قىلدۇق، دېھقان ئائىلىلىرىدە قانچىلىك بار بولسا، شۇنچىلىك سېتىۋالىمىز» دېدى گۇڭ جيەنگاڭ.

سەبدەرگۈلنىڭ چېچەكلەش مەزگىلى بەش ئاي بولۇپ، يەتتە كۈندىن ئون كۈنگىچە بىر قېتىم ئۈزگىلى بولىدۇ. گۇڭ جيەنگاڭ ئىنچىكە ھېسابات قىلىپ بەردى، ھەر مو يەردىكى سەبدەرگۈلگە كېتىدىغان ماتېرىيال خىراجىتى 320 يۈەن، ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتنى 2.5 توننا بويىچە ھېسابلىغاندا، دېھقانلار سەبدەرگۈل سېتىپ 2125 يۈەن كىرىم قىلىدۇ، تەننەرخنى چىقىرىۋەتكەندە، ھەر مو يەردىن قىلىنغان ساپ كىرىم 1805 يۈەن بولىدۇ. بۇلا ئەمەس، پىششىقلانغاندىن كېيىنكى سەبدەرگۈل «قالدۇق ماتېرىيالى»نى يەنە ئوغۇت قىلغىلى بولىدۇ، ئۆزگەندىن كېيىنكى سەبدەرگۈل غولىنى پىششىقلىغاندىن كېيىن چارۋىلارنىڭ يەم ـ خەشەكى قىلىشقا بولىدۇ، ھەربىر ھالقىدا سەبدەرگۈلدىن «تولۇق پايدىلىنىش»قا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

كارخانا ھەممىسىنى سېتىۋالغاچقا، كېرىيە ناھىيەسىدىكى دېھقانلارنىڭ تېرىش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولدى.

توغراغاز يېزىسىنىڭ چاقا كەنتىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئاران 0.8 مو بولۇپ، ئارىخىپ تۈرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر 40% تىن ئاشىدۇ. «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، كەنت ئاھالىلىرىنى سەبدەرگۈل كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەشنى قارار قىلدى. ھازىر كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە سەبدەرگۈل تېرىلدى، پۈتۈن كەنتتە تېرىلىش كۆلىمى 800 مودىن ئاشتى، بۇ يىل تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 2000 يۈەن ئېشىشى مۆلچەرلەندى.

كېرىيە ناھىيەسى خوتەن ۋىلايىتىدىكى نامراتلىق قالپىقى تېخى ئېلىۋېتىلمىگەن بەش نامرات ناھىيەنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كېرىيە ناھىيەسى كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ مۇھىم تىرىكى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ناھىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات يىرىك پىلانى ۋە كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى زىچ چۆرىدەپ، بازار ئىستىقبالى ياخشى، سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكى روشەن، تەسىر كۆرسىتىپ، تۈرتكە بولۇش كۈچى كۈچلۈك كەسپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. 2020 ـ يىلى كېرىيە ناھىيەسى بىيو پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرىنى كىرگۈزۈپ، «ھۆكۈمەت قوللاش+ كارخانا مەبلەغ سېلىش+ دېھقان ئائىلىلىرى قاتنىشىش» ئەندىزىسى ئارقىلىق، سەبدەرگۈل كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تېرىشقا يېتەكلەپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتتى.

ئىگىلىنىشىچە، خوتەن چېنگۇاڭ بىيو پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى چەككىلەش سېخى قۇرۇپ، كەسىپ زەنجىرىنى يەنىمۇ ئۇزارتىپ، مەھسۇلاتنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇرماقچى بولۇۋېتىپتۇ ھەم سەبدەرگۈل تېرىش كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ نەپكە ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇشنى پىلانلاۋېتىپتۇ.